دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ

□ قومۇل شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەر باشلىقى زۇمرەت ئوبۇل

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ماقۇللىغان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» يالغان گەپ، بىر تەرەپلىمە قاراش ۋە سۇيىقەستكە تولغان بولۇپ، 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقىنىڭ نەزەرىدە پەقەت بىر پارچە كېرەكسىز قەغەزدىن ئىبارەت. ئەگەر ئەسقاتىدۇ دېيىلسە، ئۇ دەل ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىك رەزىل قىلمىشىنىڭ يەنە بىر خاتىرىسى.

سوراپ باقسام، بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا قارىتا كىم ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە؟

«ئاياغنىڭ پۇتقا دەل كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى ئۆزى كىيگەندىلا بىلگىلى بولىدۇ.» شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىدا، ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق. بۇ ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى» پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلغان، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە بولغان بىرتەرەپلىمە قاراش بىلەن تولغان، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يوققا چىقارغان، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىغا پىسەنت قىلمىغان بولۇپ، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قىلچە تۆۋەن چېكى بولمىغان قوش ئۆلچىمى ۋە ساختا، بەتبەشىرە زومىگەرلىك لوگىكىسىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى. خەلقنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كىشىلىك ھوقۇقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى سىنايدىغان مۇھىم ئۆلچەم. جۇڭگو ھۆكۈمىتى خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىشنى باش ئورۇنغا قويۇپ، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇش، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ مەقسىتى ۋە مەقسىتى قىلىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارى 200 نەچچە ھەسسە ئاشتى، كىشى بېشى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 40 ھەسسىگە يېقىن ئاشتى. شىنجاڭ ھەر يىلى مالىيە چىقىمىنىڭ 70%دىن كۆپرەكىنى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا ئىشلىتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت، تۇرالغۇ قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى تولۇق بەختكە ئېرىشتۈردى. 2014 ـ يىلىدىن 2018 ـ يىلىغىچە، شىنجاڭدا جەمئىي 2 مىليون 314 مىڭ 700دىن ئارتۇق ئادەمنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. مەن خىزمەت قىلىۋاتقان قومۇل شەھىرىدە، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ «ئوقۇيدىغانلار ئوقۇيالايدىغان بولۇش، ئىشلىگەنلەر ھەق ئالالايدىغان بولۇش، ئاغرىقلار داۋالىنالايدىغان بولۇش، ياشانغانلار كۈتۈنەلەيدىغان بولۇش، ئۆيسىزلەرنىڭ تۇرىدىغان جايى بولۇش»تەك جەمئىيەت ئىناق تەرەققىي قىلغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. يالغان ئېيتالمايدىغان بۇ سانلار، كەڭ تۇپراقتا نامايان بولغان تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى، كىشىلەر قەلبىنى ئۇزۇقلاندۇرىدىغان خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتى ئامېرىكا تەرەپنىڭ يالغان سۆزلىرىگە بېرىلگەن ئەڭ قايىل قىلارلىق رەددىيە.

سوراپ باقسام، ئامېرىكىنىڭ باشقا دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا بىلجىرلاشقا قانداق ھوقۇقى بار؟

شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قان قېرىنداش ئائىلە ئەزالىرى. شىنجاڭنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ھەرقانداق چەت ئەل ھۆكۈمىتى ۋە كۈچى ھەممىسىنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم غەرب دۆلەتلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا بىلجىرلاپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىشى كىشىلىك ھوقۇق نامى بىلەن زومىگەرلىك قىلىش ئەمەلىيىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ئامېرىكا باج تاپشۇرغۇچىلىرىنىڭ پۇلىنى ئالغان ئىكەن، ئەسلىدىنلا ئۆز دۆلىتىدىكى خەلق ئۈچۈن ياخشى مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك بولسىمۇ، لېكىن ھەمىشە ئۆز دۆلىتى دۇچ كەلگەن ھەر خىل مەسىلىلەرگە تاللاش خاراكتېرىدە سەل قارايدۇ، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى رەزىللىككە تولغان تۇرۇقلۇق، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئەيىبلەش ۋە ئارىلىششقا قانداق سالاھىيىتى بولسۇن؟

سوراپ باقسام، ئامېرىكا زوراۋان ـ تېرورچى كۈچلەرنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ زېمىنىدا ئۆزى خالىغانچە تەۋرىلىك قىلىشىغا تاقەت قىلىپ تۇرالامدۇ ؟

زوراۋانلىق، تېرورلۇق پائالىيەتلىرى ئىنسانىيەتكە قارشى، جەمئىيەتكە قارشى، مەدەنىيلىككە قارشى قىلمىش، مەيلى تېرورىزم قاچان، قەيەردە يۈز بەرگەن، كىم پەيدا قىلغان، قانداق كىشىگە قارىتىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ھەممىسى قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، قانۇنچىللىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان، مەسئۇلىيەتچان ھەرقانداق بىر ھۆكۈمەت زوراۋانلىق، تېرورلۇق قىلمىشلىرىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەيدۇ. ئامېرىكا ئۆز دۆلىتىدە يۈز بەرگەن زوراۋانلىق، تېرورلۇق جىنايەتلىرىگە ئەزەلدىن يۇمشاق قوللۇق قىلغان ئەمەس، لېكىن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن بويىچە تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا كەلسە ـ كەلمەس قول تىقىۋاتىدۇ. ئامېرىكا سىياسەتۋازلىرىنىڭ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش مەسىلىسىدە بۇنداق قوش ئۆلچەم قوللىنىشى پەقەت ئۇلارنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرۇشى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرۇشى، ئىنسانىي ئەخلاق ـ ھەققانىيلىق ۋە ۋىجداننىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

سوراپ باقسام، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېرورىزمغا زەربە بېرىش خاتامۇ ؟

شىنجاڭدا قانۇن بويىچە تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتىكى مەقسەت تېرورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى تۈگىتىپ، تېرورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈزبېرىش، ئۈزۈلمەي يۈزبېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، ئەڭ زور چەكتە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت، بۇ ئۇسۇل بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تېرورىزمغا زەربە بېرىش، ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئاساسىي مەقسىتى ۋە پرىنسىپىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن بولۇپ، كەڭ خەلقنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ئەڭ ياخشى قوغدىغانلىق. شىنجاڭ قانۇن بويىچە بىر قاتار ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قوللانغاندىن بۇيان، ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېرورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، گۈللەنگەن، مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت ئىناق بولغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، مۇقىملىق پايدىسى سىجىل قويۇپ بېرىلدى، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكى شىددەت بىلەن ئاشتى، 2019 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە، قومۇل شەھىرىدىلا كۈتۈۋېلىنغان دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچى 14 مىليون 920 مىڭ ئادەم قېتىم بولدى. ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللىغانلىقى تېرورىزمغا يانتاياق بولغانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ رەزىل نىيىتى ھەممىگە بەش قولدەك ئايان.

سوراپ باقسام، جۇڭگونىڭ «ئۈچ خىل كۈچ»كە زەربە بېرىشى ئامېرىكىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزدىمۇ ؟

«ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى ۋە مۇقىملىقىدىكى زىيانداش، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن 2016 ـ يىلىغىچە، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر، زوراۋان ـ تېرورچى كۈچلەر شىنجاڭ رايونىدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېرورلۇق دېلو(ۋەقە)سىنى پىلانلاپ ھەم تەشكىللەپ، سادىر قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، نەچچە يۈز نەپەر جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ پەيدا قىلدى، ئىنسانىيەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى. شىنجاڭ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، قانۇن بويىچە «ئۈچ خىل كۈچ»كە قاتتىق زەربە بەردى. ئۇزاقتىن بۇيان، ئامېرىكا «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ شىنجاڭدا سادىر قىلغان زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، زوراۋانلىق، تېرورلۇق تەھدىتىگە ئۇچرىغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىگە قىلچە كۆڭۈل بۆلمىدى، بەلكى ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللاپ «ئۈچ خىل كۈچ»كە يانتاياق بولۇپ، يەل بېرىشكە ئۇرۇندى، بۇ، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى باھانە قىلىپ جۇڭگونى توسۇشقا، پارچىلاشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇش رەزىل نىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى.

شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىر ئۇيغۇر كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات، ئۆزگىرىشلىرىگە گۇۋاھ بولدۇم. مەن ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمەنكى، مەيلى ئۆتمۈش، ھازىر ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن، ھەرقانداق كۈچ شىنجاڭنى ۋەتىنىمىز قوينىدىن پارچىلاپ چىقىپ كېتەلمەيدۇ! مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىدىغان، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەستنىڭ ھەممىسى جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ!

# ھەرقانداق كۈچ شىنجاڭنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ

□ تۇرپان شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەر باشلىقى مەمتىمىن قادىر

شۇ جاي ۋاقتى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللاپ، دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى ۋە قانۇن بويىچە قوللانغان تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىگە كەلسە ـ كەلمەس قول تىقتى، خالىغانچە بوھتان چاپلىدى. مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى» شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا كۆز يۇمۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاق، ئىناق، خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقىدەك ئوبيېكتىپ پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ئاساسسىز ئەيىبلىدى ۋە خالىغانچە قارا چاپلىدى، بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا يولسىزلىق بىلەن ئارىلاشقانلىق. شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىدا، ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق. شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بىر پارتىيەلىك ئۇيغۇر كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا قاتناشقۇچى، باشتىن كەچۈرگۈچى، گۇۋاھچى ۋە مەنپەئەتلەنگۈچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن چەكسىز غەزەپلىنىمەن، قەتئىي قارشى تۇرىمەن!

ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى ۋە زوراۋانلىق، تېرورلۇق پائالىيەتلىرىنى پىلانلاپ، تەشكىللەپ، سادىر قىلىپ، نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېرورلۇق دېلو(ۋەقە)سىنى سادىر قىلىپ، نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، نەچچە يۈز نەپەر جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسى قۇربان بولدى، مال ـ مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزدى. رېئال تەھدىت ئالدىدا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، قانۇن بويىچە تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇپ، تېرورلۇق پائالىيىتى كۆپ يۈزبېرىش، ئۈزۈلمەي يۈزبېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىشىغا ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئاكتىپ باھاسىغا ئېرىشتى. نۆۋەتتە، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېرورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولدى، ئىقتىساد سىجىل تەرەققىي قىلدى، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، مەدەنىيەت مىسلىسىز گۈللەندى، دىنلار ئىجىل ـ رايىش بولدى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى زور دەرىجىدە ئاشتى.

شىنجاڭ باشتىن ـ ئاخىر قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلارنىڭ نوپۇزىنى قەتئىي قوغداپ، قانۇنچىللىق تەپەككۇرى ۋە قانۇنچىللىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پاكىتنى ئاساس قىلىپ، قانۇننى ئۆلچەم قىلىپ، قانۇن بويىچە تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتتى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېرورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» ۋە «دىن ئىشلىرى نىزامى» قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملارغا ئاساسەن، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېرورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى»دىن ئىبارەت ئىككى يەرلىك نىزامنى تۈزۈپ ھەم تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېرورىزمنى مىللىي مەسىلە ئەمەس، دىنىي مەسىلە تېخىمۇ ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى مۇئەييەن مىللەت، دىن بىلەن باغلىۋېلىشنى قەتئىي مەنئى قىلىپ، پۇقرالارنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئومۇميۈزلۈك ھۆرمەت قىلىپ، قانۇن بويىچە ئىنتايىن ئاز ساندىكىلەرگە زەربە بېرىش ۋە جازالاش بىلەن بىللە، كۆپ ساندىكىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيەلەش، قولغا كەلتۈرۈش، قۇتقۇزۇۋېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان ئاممىنى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيەسى بىلەن ھەقسىز تەمىنلەپ، دۆلەت ئېڭى، پۇقرالىق ئېڭى، قانۇنچىللىق ئېڭىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، تىل ئالاقە ئىقتىدارى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى تېرورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنى زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلدى. بۇ ئۇسۇل جۇڭگونىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلىرىنىڭ روھىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئاساسىي روھى ۋە ئاساسىي پرىنسىپىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن.

شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ يامرىشى ۋە زوراۋانلىق، تېرورىزمنىڭ كېڭىيىشىنى توسۇش ئۈچۈن قانۇن بويىچە تەسىس قىلىنغان دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىش ھەمدە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنى ئاساسىي دەرسلىك مەزمۇنى قىلغان مەكتەپ. ھۆكۈمىتىمىز مالىيەدىن پۇل چىقىرىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان ئاشۇ ئاممىنى كەسپىي دەرسلىك تەربىيەسى ۋە ھەقسىز تاماق، ياتاق شارائىتى بىلەن تەمىنلەپ، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە شۇ مىللەتنىڭ تىل ـ يېزىقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا، ئەڭ زور چەكتە تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇۋاپىق ئېھتىياجىنى كاپالەتلەندۈردى ۋە قاندۇردى. بۈگۈنكى كۈندە، «ئۈچنى ئۆگىنىش، بىرنى تۈگىتىش» بويىچە تەلىم ـ تەربىيەگە قاتناشقان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى تەربىيەنى تاماملاپ، ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تۇرمۇش سۈپىتىنى ياخشىلاپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈردى. غەربتىكى ئايرىم سىياسەتۋازلار ۋە تاراتقۇلار بىزنى تەلىم ـ تەربىيە بويىچە تەربىيەلەنگۈچىلەرنى جىسمانىي ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلدى دەپ ئەيىبلىدى. ئەجەبا تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر قىسىم ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ قايمۇقتۇرۇشى ۋە كۈشكۈرتۈشىگە ئۇچرىغان كىشىلەر ئىكەنلىكى، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلسە ئاقىۋەتتە ئۇلارنىڭ زوراۋانلىق، تېرورلۇق جىنايىتىنىڭ تۈيۈق يولىغا ماڭىدىغانلىقى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتى بەدەل تۆلەش مۇمكىنلىكى ئېنىق ئەمەسمۇ، ئۇنى كىشىلىك ھوقۇقنى كاپالەتلەندۈرۈش دېگىلى بولامدۇ؟ كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، ھەم تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى كاپالەتلەندۈرۈلدى، يەنە زوراۋانلىق، تېرورلۇق جىنايەتلىرى ئازىيىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشى زوراۋانلىق، تېرورلۇقنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن ساقلاپ قېلىندى.

تېرورىزمغا زەربە بېرىش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ھەم دۇنياۋى خاراكتېرلىك مەسىلە، شۇنداقلا دۇنياۋى خاراكتېرلىك قىيىن تېما. بىزنىڭ زەربە بېرىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىمىز «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يەر شارىۋى تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىستراتېگىيەسى» قارارىغا ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «زوراۋانلىق، ئەسەبىيزمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەرىكەت پىلانى»غا ئاۋاز قوشقانلىقىمىز ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىكىمىز. 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكىلەر، چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، خەلقئارا تەشكىلاتلار، بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ جەنۋەدە دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى ۋە چېگرا سىرتىدىكى تاراتقۇلار، دىنىي تەشكىلاتلار قاتارلىق 91 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن 70 نەچچە تۈركۈم ئۆمەك ـ گۇرۇپپىدىكى 1000دىن ئارتۇق ئادەم شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيەدە، زىيارەتتە بولدى. نەق مەيداندا ئېكسكۇرسىيە قىلىش، زىيارەتتە بولۇش ئارقىلىق نۇرغۇن كىشى شىنجاڭدا تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ تەخىرسىزلىكى، زۆرۈرلۈكى، قانۇنلۇقلۇقى، مۇۋاپىقلىقىنى چۈشەندى. ئۇلار بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى تېرورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ كونتروللۇقىغا ئۇچرىغان ئاشۇ تەربىيەلەنگۈچىلەرنى قۇتقۇزۇپ قالدى، شىنجاڭدىكى تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى، قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدى، ناھايىتى ئۈلگە قىلىش قىممىتى بار.

جۇڭگودا «پاك ئادەم ھامان پاك بولىدۇ، ئەسكى ئادەم ھامان ئەسكى بولىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بۇيان، خەلقئارادىكى بىر قىسىم يامان نىيەتلىك كىشىلەر ئىدېئولوگىيەدىكى بىر تەرەپلىمە قارشى ۋە رەزىل مەقسىتىنى چىقىش قىلىپ، قوش ئۆلچەمدىكى «تاللاش خاراكتېرلىك كور بولۇۋېلىش»نى قوللىنىپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، پاكىتنى بۇرمىلاپ، قىلچە ئاساسى يوق، ھەقىقىي ئەھۋالدىن چەتنىگەن خاتا سۆزلەرنى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ نامىنى بۇلغاپ، شىنجاڭنىڭ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن غايەت زور تىرىشچانلىقىنى ئىنكار قىلىشقا، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇندى. بۇنىڭغا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق قەتئىي قوشۇلمايدۇ، قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى خەلقئارا ئەخلاق ـ ھەققانىيلىققا ۋە ئىنسانىي ۋىجدانغا ئېغىر خىلاپ، بارلىق ئاق كۆڭۈل ۋە ھەققانىيەتچى كىشىلەر بۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ، دۇنيادىكى كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ قوش ئۆلچىمى ۋە ساختا ئەپت ـ بەشىرىسىنى يەنە بىر قېتىم ئېنىق تونۇتتى. شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنىڭ ياخشى قىلىنغان ـ قىلىنمىغانلىقىدا باشقىلارنىڭ دېگىنى ھېساب ئەمەس، بەلكى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ دېگىنى ھېساب، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق ۋە تىنچلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىقنىڭ دېگىنى ھېساب. بىز بۇ كىشىلەرنىڭ رەڭلىك كۆزەينىكىنى ئېلىۋېتىپ، ساختا چىرايىنى يىغىشتۇرۇۋېلىشنى، ئەمدى زوراۋان، تېرورچى، بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ئارقا تىرىكى ۋە قوللىغۇچىسى بولماسلىقنى، پىتنە ـ ئىغۋالاردىن پايدىلىنىپ شىنجاڭغا قارا چاپلاپ ھۇجۇم قىلىشنى دەرھال توختىتىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىمىز.

ھازىرقى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى سىجىل تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، جەمئىيىتى ئىناق، مۇقىم بولۇۋاتىدۇ، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتى. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، ھەرقانداق كۈچ گۈزەل شىنجاڭنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ!